## 366204 ـ ئايال ئۆزىدىن شام نامىزىدىن ئىلگىرى ياكى شام نامىزى ۋاقتىدا ياكى شام نامىزىدىن كېيىن ھەيزىنىڭ قىنى كەلگەنلىكى توغرىسىدا شىكايەت قىلدى، ئۇ ئايالنىڭ تۇتقان روزىسى ۋە ئوقۇغان نامىزى قانداق بولىدۇ؟.

---

### سۇئال

ھەيز توغرىسىدا سورىماقچى ئىدىم، شام نامىزىغا يىگىرمە مىنۇت ئەتراپىدا قالغاندا، ئاغرىق ھېس قىلدىم، تەكتىلەش ئۈچۈن تەكشۈردۈم بىر نەرسە كەلمەپتۇ، روزامنى تاماملىدىم، شام نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن بارغاندا قاتتىق ئاغرىق ھېس قىلدىم چىداپ تۇرۇپ تاھارەت ئالدىم، ئاندىن نامازغا چىقتىم، ناماز ئوقۇدۇم، ناماز ئارىسىدا ئاغرىق پەسىيىپ قالدى، ئادەتتە بۇنداق ھالەت يۈز بەرگەندە ھەيز كېلەتتى، لېكىن مەن نامىزىمنى بۇزمىدىم، نامازنى ئادا قىلىپ بولۇپ ھاجەتخانىغا كىرىپ تەكشۈردۈم، ھەيزنىڭ قىنى كەپتۇ، يېڭىلا كەلگەندەك، مەن شام نامىزىنى قايتا ئوقۇشۇم كېرەكمۇ؟ شۇ كۈندىكى روزىنىمۇ قايتىدىن تۇتىمەنمۇ ياكى تۇتمىساممۇ بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: سىزنىڭ ئۇ كۈندە تۇتقان روزىڭىز توغرا بولىدۇ، چۈنكى سىز شامدىن بۇرۇن قاننى كۆرمىدىڭىز ۋە ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ ھېس قىلمىدىڭىز، ئەسلىدە، قاننىڭ قاچان كەلگەنلىكىدە شەك بولدى، شامدىن بۇرۇنمۇ ياكى شامدىن كېيىنمۇ؟ پىقھى قائىدىسىدە، ۋەقەلىك ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىنغا قېتىلىدۇ، بۇ يەردە ئەڭ يېقىن ۋاقتى بولسا شامدىن كېيىنكى ۋاقىتتۇر.

يۇقىرىدىكى قائىدىنىڭ مەنىسى: ئىشنىڭ يۈزبەرگەن ۋاقتىدا ئىختىلاپ بولغاندا، ئۇنى ئېنىكتىدىغان دەلىل بولمىسا، بۇ ئىش شۇ ھالەتنىڭ ئەڭ يېقىن ۋاقتىغا نىسبەت بېرىلىدۇ، چۈنكى بۇ ئېنىق، ئۇنىڭدىن يىراق بولغان ۋاقىت شەكلىك، لېكىن يىراقراق زامانغا نىسبەت بېرىلىشى ئىسپاتلانغاندا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولىدۇ". [دوكتۇر مۇھەممەد سىدقى بەرنۇنىڭ" پىقھى قائىدىلەر توپلىمى" 12–توم 316–بەت].

ئىمام سۇيۇتىي رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ "ئەل ئەشباھۇ ۋەننەزائىر" ناملىق ئەسىرى 59–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "قائىدە: ئەسلىدە ھەرقانداق ۋەقەنى ئېنىكتىش ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن زامانىغا بولىدۇ، بۇ قائىدىنىڭ شاخچىلىرىدىن: بىر كىشى كىيىمىدە مەنىينى كۆرۈپتۇ، قاچان ئىھتىلام بولغىنىنى ئېسىگە ئالالماپتۇ، توغرا قاراشتا ئۇ كىشىگە يۇيۇنۇش كېرەك بولىدۇ. ئىمام شافىئىي "ئەل

ئۇم"دا مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كىشى ئاخىرقى قېتىم ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىنكى نامازلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن ئوقۇشى كېرەك بولىدۇ".

ئىككىنچى: شام نامىزىغا كەلسەك، سىز سوئالدا بايان قىلغاندەك ئاغرىق پەسىيىپ، قان ناماز ئەسناسىدا كەلدى دېگەن سۆزىڭىزدە ئىشەنچ قىلالىسىڭىز، نامازدىن كېيىنلا قاننىڭ يېڭىدىن كەلگەنلىكىنى جەزىم قىلسىڭىز، بۇ كۈچلۈك گۇماننى بىلدۈرىدۇ، ئوقۇغان نامىزىڭىز توغرا بولمايدۇ، ھەيزدىن پاكلانغاندا ئۇ نامازنى قايتىدىن ئوقۇيسىز.

ئەگەر سىزدە كۈچلۈك گۇمان يوق، پەقەت شەكلىنىش بولسا، ئوقۇغان نامىزىڭىز توغرا بولىدۇ، بىر يۇقىرىدا بايان قىلغان قائىدىگە ئاساسەن ۋاقىئە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن زامانىغا نىسبەت بېرىلىدۇ، قاننىڭ نامازدىن كېيىن كەلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىمىز.

شەيخ مۇھەممەد بىن مۇھەممەد ئەلمۇختار شەنقىتي ھەزرەتلىرىدىن: بىر ئايال شام نامىزىدىن كېيىن ھەيزدىن بىر نەرسىنى كۆرگەن بولسا، بۇنىڭ نامازدىن بۇرۇن كەلگەن ياكى كېيىن كەلگەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇ ئايالغان ئوقۇغان نامىزى ۋە تۇتقان روزىسى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن:" ئەگەر قاننى كۆرۈپ ئۆز گۇمانىدا بۇ شامدىن بۇرۇن كەلگەن دەپ قارىسا، شۇ كۈندىكى روزىسى بىكار بولىدۇ، ئۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ.

ئەمما ئۆز گۇمانىدا بۇ يېڭىدىن كەلگەن قان، شامدىن كېيىن بولدى دەپ قارىسا، شۇ كۈندىكى روزىسى توغرا بولىدۇ، پەقەت شۇ كۈندىكى شام نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ، ھەيزدىن پاك بولغاندا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

ئەمما قاننىڭ قاچان كەلگەنلىكىنى تەكىتلىيەلمەي، ئىككىلىنىپ قالغان بولسا، ئالىملارنىڭ قارشىدىكى: ۋەقەلىك ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن زامانىغا نىسبەت بېرىلىدۇ دېگەن قائىدىگە ئاساسەن، روزىسى توغرا بولمىدى دېگەنگە دەلىل بېكىتىلگەنگە قەدەر تۇتقان روزىسى توغرا بولىدۇ، ئەسلىدە، ئۇ ئايال تولۇق بىر كۈن روزا تۇتتى، مۇشۇ تەسىر كۆرسەتكۈچى نەرسىنىڭ تېپىلغان ۋاقتى ئەمەلىلەشكىچە زىممىسىدىن مەسئۇلىيەت ئادا بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا روزىسىنىڭ توغرا بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ

ئەمما قاننىڭ ئۇ كۈندىكى روزىغا تەسى بولمايدۇ، مەسىلە ئەكسىچە قالىدۇ، چۈنكى سىز ئۇ كۈننىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ دېسىڭىز شام نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈننىڭ روزىسى توغرا بولمايدۇ دېسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا شام نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىش دېگەن گەپ بولمايدۇ، ئەگەر روزىسى توغرا بولسا شامنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ۋاقىتنىڭ كىرىشى ھەيزدارغا نىسبەتەن  ئۇنىڭ زىممىسىگە شۇ ۋاقىتتىكى ئىبادەتنى ئادا قىلىشنى لازىم قىلىدۇ. بۇ ھەنەپى مەزھەب پىقھى ئالىملىرى ۋە بەزى ھەنبەلى مەزھەب ئالىملىرى ئېيتقاندەك ئاخىرقى ۋاقىتتىن ھېسابلانمايدۇ". [شەيخ شەنقىتىينىڭ" شەرھى زادۇل مۇستەقنىئ" ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى].

بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن 191684 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.